# كىچىككىنە تونۇردىن كەسىپ ئېگىزلىكىگە ئاتلىنىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەلپىن ناھىيەسىنىڭ نېپىز نان يېقىش ھۈنىرى ۋارىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، كەنت ئاھالىسى غۇلام مۇتەللىپ نان يېقىش ھۈنىرىگە ئاللىقاچان پىششىپ كەتكەنىدى. ھالبۇكى، سانائەتلىشىشنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى قايتا يارىتىشى ئۇنىڭ نانغا بولغان تونۇشىنى يەنىلا ئاغدۇرۇۋەتتى.

«ئىلگىرى خوتۇنۇم ئىككىمىز ئۆيىمىزدىكى كىچىك تونۇردىن نېرى كېتەلمەي، ھېرىپ ـ چارچاپ بىر كۈندە ئاران 150 نان ياقاتتۇق، ھەر ئايدا 2000 يۈەندىن ئارتۇقلا كىرىم قىلالايتتۇق.» غۇلام مۇنداق دېدى: ھازىر مەن ھەر كۈنى 700گە يېقىن نېپىز نان يېقىپ، ئايدا 8000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىمەن.

غايەت زور ئۆزگىرىش كۆلەملەشكەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش شەكلىدىن بولدى. بۇ ئىككى يىلدا، تومېرىق كەنتى نان يېقىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى بەرپا قىلىپ، زامانىۋى نان يېقىش ئۈسكۈنىلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئاقما مەشغۇلات قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نان ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى، يەنە 100دىن ئارتۇق كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولدى.

«كەسپلەر باغچىسىدا كۈندە 50 مىڭدىن ئارتۇق نان ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولۇپ، بازارنى تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.» غۇلام پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى كەلپىن نېپىز نېنىنىڭ تەسىر كۈچىنى بارغانسېرى زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى.

بۇ يىل، غۇلام خىزمەت قىلىۋاتقان ئۆرۈك يۇرتى نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى يېمەكلىك پاكىز ئىشلەپچىقىرىش سېخى قۇرۇپ، بىر يۈرۈش ئۆلچەملەشكەن تولۇق ئاپتوماتىك نان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى ئورناتتى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپلا قالماي، مەھسۇلات سۈپىتىنىمۇ ئۆستۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن نان مەھسۇلاتلىرىنىڭ سودا سارايلىرى، تاللا بازارلىرىدا سېتىلىشىغا ئاساس سالدى.

يېمەكلىك پىششىقلاش كارخانىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ناننى كۆلەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشمۇ ئوخشاشلا بىر تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەت.

شىنجاڭ جياڭشياۋناڭ يېمەكلىك چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزگەرتىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمنى ئاشۇردى.

«بىز ئەنئەنىۋى بولكا پىشۇرۇش ئۈسكۈنىسى بولغان تونېلسىمان تونۇرنى ياخشىلىدۇق، بىر كۈندە 20 مىڭ نان ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ، بۇ خىل كىچىك رەك ناننىڭ تەمى تېخىمۇ ئۆزگىچە، ئۈنۈمى تېخىمۇ يۇقىرى.» باش مۇدىر ۋاڭ شياۋچېڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، كارخانىمىز تۇغاچلارنى پۈتۈنلەي يېڭىچە ئوراپ ۋە ئورنىنى بەلگىلەپ، كەسىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ بوشلۇق ئاچتى.

ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىنىڭ كۈچلۈك تىرەك بولۇشى بىلەن، ھازىر جياڭشياۋناڭ ئۈچ چوڭ تۈردىكى 30 خىلدىن ئارتۇق يەككە مەھسۇلاتتىن تەركىب تاپقان مەھسۇلات سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى، كەسىپ تەرەققىياتى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە قەدەم قويدى.

تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدا 15 مىڭ تونۇر بولۇپ، كۈنىگە تەخمىنەن 650 توننا نان بىلەن تەمىنلىگەن، تۈرلۈك نانغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 3 مىليون 800 مىڭ دانە بولۇپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى پۇختا قەدەمدە ئۆسۈش بىلەن بىللە، ناننى كەسپلەشتۈرۈپ، كۆلەملەشتۈرۈپ باشقۇرۇش سەۋىيەسىمۇ پۇختا قەدەمدە ئۆسۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ نانچىلىق كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنغان.

## ئۆلچەملەشتۈرۈش سۈپەت ئاساسىنى مۇستەھكەملىدى

ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆسكەندىن كېيىن، تۇغاچنى قانداق قىلىپ ياخشى باھادا سېتىش كەسپنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ قالدى.

تومېرىق كەنتىنىڭ نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى بەزى قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغانىدى.

«بىز ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، سېتىش تور نۇقتىلىرىنى بەرپا قىلدۇق، لېكىن سېتىلىش مىقدارى بىرمەھەل كاساتلىشىپ، بەزى سېتىش نۇقتىلىرىدا بىر كۈندە 20 نانمۇ سېتىلمىدى.» غۇلام ئەسلەپ مۇنداق دېدى: قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھەمكارلىق كوپېراتىپىمىز ئىشلەپچىقارغان ناننىڭ سۈپىتى تەكشى ئەمەس بولۇپ، ناننىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، تونۇرنىڭ ھارارىتى ئوخشىمايتتى، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم بولمىغاچقا، بازىرى ياخشى ئەمەس ئىدى.

«ئۆلچەم ناننىڭ سۈپەتلىك ماركىسى، خاسلىقنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم ئامىل، سۈپەتلىك ماركىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالىشىنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تىرىكى.» پولات مۇنداق دېدى: ئۆلچەم بولمىسا، زامانىۋى نانچىلىق كەسپى بولمايتتى.

مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تاپقاندىن كېيىن، تومېرىق كەنتىدىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپى كۆپچىلىكنى باشلاپ نېپىز ناننىڭ شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، پىشۇرۇش ۋاقتى قاتارلىق ئۆلچەملىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆلچەملەشكەن تېخنولوگىيە تەرتىپىنى تۈزۈپ چىقتى، ئىلگىرىكى چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان، شەكلى ھەر خىل نېپىز نانلار ئاستا ـ ئاستا بازاردىن يوقالدى.

«ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، نانلىرىمىزنىڭ سېتىلىش مىقدارى تۈز سىزىق بويىچە ئۆرلەپ، سېتىلىشى كاسات بولۇش ۋەزىيىتى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەردى» دېدى غۇلام.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ناننىڭ شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى، تەمى جەھەتتىكى پەرق بىرقەدەر چوڭ بولۇش مەسىلىسىگە قارىتا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون نان مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۆلچىمى، پىششىقلاش ئۆلچىمى ۋە ساقلاش ئۆلچىمىنى تېزدىن بېكىتتى، كارخانىلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەر، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ھەمكارلىشىشىنى قوللاپ، پەن ـ تېخنىكىنى يېتەكچى قىلىپ، نانچىلىق كەسپىنى يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئەندىزىسىدىن ئۆلچەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلەپ، كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

بۈگۈر، شىنجاڭ ئاشلىق كەسپى جەمئىيىتى ۋە شىنجاڭ ئاشلىق ـ ياغ مەھسۇلات سۈپىتىنى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش پونكىتى تۈزگەن «نان(قوتۇرماچ)»غا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي ئۇنىنىڭ كوللېكتىپ ئۆلچىمى» ئارقا ـ ئارقىدىن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلدى، ئۆلچەم پىشۇرۇش تېخنىكىسى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم قاتارلىق ئامىللارنى ئۇنىۋېرسال ئويلىشىش ئاساسىدا، ئۇن پىششىقلاش كارخانىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىدا ئۆلچەمدىكى تەلەپ بويىچە ئۇنىنىڭ تەركىبىنى ياخشى تەڭشەپ، سۈپەت، ئوزۇقلۇق ۋە يېمەكلىك بىخەتەرلىكى كۆرسەتكۈچى نان (قوتۇرماچ) ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى ۋە ناۋايخانىلارنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەخسۇس بۇغداي ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكلەپ، ناننى كەسپلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆلەمدىن يۇقىرى ئوندىن ئارتۇق ئۇن پىششىقلاش كارخانىسى مۇشۇ ئۆلچەمدىن پايدىلىنىپ مەخسۇس نان يېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇن ئىشلەپچىقىرىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇقىم، ئىشەنچلىك خام ماتېرىيال كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

ئىگىلىنىشچە، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز نان ئىشلەپچىقىرىش ئۆلچىمى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىش، سېخ باشقۇرۇش قاتارلىق يۈرۈشلەشكەن ئۆلچەم ۋە تېخنىكا ئۆلچەملىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى تۆۋەن، ئۆمرى ئۇزاق بولغان چوڭ كۆلەملىك، كەسپلەشكەن نان ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ئۆلچىمىنى تېز ئورنىتىپ، نانچىلىق كەسپىنى كۆلەملەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈۋېتىپتۇ.

## تۈجۈپىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش كەسىپ زەنجىرىنى تاكامۇللاشتۇردى

زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئۆلچەملەشكەن مەھسۇلات سۈپىتى ۋە نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى يەنە تېخىمۇ ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولغان كەسىپ ئەندىزىسىگە موھتاج، شۇنداق بولغاندىلا پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەرەققىيات ئۈنۈمىنى ماسلاشتۇرۇپ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسىغا كىرگەندە، جاھاندىكى بىرىنچى ناننىڭ مودېلى ساياھەتچىلەرنى قەدىمنى توختىتىپ سۈرەتكە تارتىشقا جەلپ قىلاتتى، كۆرگەزمە زالىدىكى نانغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ھېكايىلەردىن، نان يېقىش سېخىدىكى ئەنئەنىۋى ھۈنەرنىڭ قايتا نامايان قىلىنىشىدىن نانچىلىق كەسپىنىڭ مەدەنىيەت سېھرىي كۈچى تولۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

پولات مۇنداق دېدى: ناننىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغىنى ئۇنىڭ مەززىلىك تەمى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ ھېكايىسىدۇر. نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى يەنە يېمەكلىك ساھەسىدىكى چەكلىمىنى بۇزۇپ تاشلاپ، كەسپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىدىن تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەت ۋە ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

«بىز ئېكسكۇرسىيە رايونىدا نان يېقىشتىن ھۇزۇرلىنىش تۈرىگە قاتناشتۇق، خېمىر يۇغۇرۇش، ئېچىشتىن پىشۇرۇشقىچە، ساياھەتچىلەر نان يېقىشنىڭ پۈتۈن جەريانىدىن ھۇزۇرلىنالايدىكەن.» شىنجاڭ نانبەگ يېمەكلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى تۇرسۇنجان ئابلا مۇنداق دېدى: ساياھەتنىڭ ئاۋات پەسلىدە، ھۇزۇرلىنىش رايونىنىڭ كۈندىلىك سېتىش سوممىسى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ، ساياھەتچىلىككە تايىنىپ، نانبەگ يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەتلىك ماركا تەسىر كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشتى.

يۇغۇرما تەرەققىيات تېخىمۇ كەڭ بازار پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى، بۇ دەل ئاپتونوم رايونىمىز نانچىلىق كەسپىنىڭ كەلگۈسىدىكى تۈجۈپىلەشكەن تەرەققىياتىنىڭ ئىنچام كارتىنىسى. نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسى شىنجاڭدىكى 19 داڭلىق يېمەكلىك پىششىقلاش كارخانىسىنى كىرگۈزۈپ، كۈنىگە 160 مىڭدىن ئارتۇق نان ئىشلەپچىقىرىپ، نانبەگ، جياڭشياۋناڭ قاتارلىق دەسلەپكى تەسىر كۈچكە ئىگە بىر تۈركۈم سۈپەتلىك ماركىلارنى شەكىللەندۈرۈپ، نان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شىنجاڭنىڭ خاس قۇرۇق مېۋىلىرى، چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرى، سۈت مەھسۇلاتلىرى، تەم خۇرۇچلىرى، ئۇنى قاتارلىق يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىندىكى كەسپلەرنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

«كارخانىمىز ھەر يىلى 100 توننىدىن ئارتۇق گۈلقەنت، 70 توننا ياڭاق مېغىزى، 350 توننىدىن ئارتۇق ئۇن، 100 توننا ھەر خىل مېۋە مۇرابباسى سېتىۋالىدۇ، بۇ ئارقىلىق نانچىلىق كەسپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كەسپلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇردى» دېدى تۇرسۇنجان.

كەسىپ زەنجىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۇزىرىشى نانچىلىق كەسپى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم تايانچىغا ئايلاندى. بۇنىڭدىن كېيىن، پۈتۈن ئاپتونوم رايون كارخانىلارنىڭ كەسىپ زەنجىرىنى بىرىكتۈرۈشنى قوللاپ، باشلامچى كارخانىلارنى زەنجىرسىمان دۇكان ئېچىشقا قاتنىشىش، پاي قوشۇپ ھەمكارلىشىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق كىچىك تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنى بىرىكتۈرۈپ، مۇھىم ئامىللار ئەلالاشتۇرۇلۇپ تەقسىملەنگەن، ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ئايرىلغان، پايدىدىن ئورتاق بەھرىلىنىدىغان نانچىلىق كەسپى بىرلەشمە گەۋدىسىنى تەشكىللەپ قۇرۇشقا يېتەكلەپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نانچىلىق كەسىپ زەنجىرىنى بەرپا قىلىپ، توپلىشىپ تەرەققىي قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نانچىلىق كەسپىنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، جابدۇق ياسامچىلىقى ۋە زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىك بىلەن ئورگانىك يۇغۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، خاس باغ ـ ئورمان يېتىشتۈرۈش، ساياھەتچىلىك قاتارلىق كەسپلەرنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئېتىز بېشىدىن تاماق ئۈستىلىگىچە بولغان 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات كەسىپ زەنجىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى يارقىن نام كارتىسىغا ئايلاندۇرىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نانچىلىق كەسپىنى كۆلەملەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچلۈك تىرەككە ئىگە قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، ھەرقايسى جايلار نانچىلىق كەسپلەر باغچە رايونىغا تايىنىپ، كەسىپ ھاسىلىي مەھسۇلاتلىرىنى پايدا ئېچىپ، كەسىپ تەرەققىياتىدىكى باشلامچى كارخانىلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئالاقىدار يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشقا تۈرتكە بولۇپ، نانچىلىق كەسپىنى تارقاق، كىچىك كۆلەمدىن كۆلەملەشتۈرۈپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىكى ئالاقىدار زاتنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون نانچىلىق كەسپلەر باغچىسى قۇرۇلۇشىنى ئىلمىي ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەت كاپىتالىنى پائال قوبۇل قىلىپ، شارائىتى بار رايونلاردا نانچىلىق كەسپلەر باغچە رايونى تەسىس قىلىپ، بازارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان كۆپ خىل پەرقلىق مەھسۇلاتلارنى ئېچىپ، ناننى ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، نانچىلىق كەسپىنى يېزا ئىگىلىكنىڭ تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىدىكى كۈچلۈك تۇتقا قىلىپ، ھەم يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىندىكى كەسپلەرنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرى تىجارەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، نانچىلىق كەسپىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ھەل قىلىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇشتىكى تېخىمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرۇۋېتىپتۇ.

---



**نۇرئېنېرگىيەسى ئېلېكتر پونكىتى تەكشى، مۇقىم يۈرۈشتى**

**8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، گۇاڭدۇڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئاۋات نۇرئېنېرگىيە ئېلېكتر پونكىتىنىڭ خىزمەتچىلىرى نۇرئېنېرگىيەسى توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى چارلاپ تەكشۈرمەكتە. بۇ نۇرئېنېرگىيەسى ئېلېكتر پونكىتىنىڭ ئومۇمىي گېنېراتورلار سىغىمى 50 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، كۈنگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 250 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقىرىدۇ.**

**□ ۋاڭ يەنچى فوتوسى**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تور ئوچۇق دەرسى قاتارلىقلار ئارقىلىق پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا ئېلىپ كەلگەن ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ نۇقتىدىن نامايان قىلدۇ. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى تور كۆرگەزمە زالى، توردا چۈشەندۈرۈش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش دەرسخانىسى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەجرىبىسى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش پەننى ئومۇملاشتۇرۇش بىلىملىرىنى تاللاپ ئېلان قىلىش، سانجى ئوبلاستىنىڭ پەن ـ تېخنىكا پىلانى تۈرىنىڭ يولغا قويۇلۇش ـ ئىلگىرىلەش ئەھۋالى ۋە دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىشقا ئالاقىدار سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت بەش چوڭ باش تېما پائالىيىتىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى؛ قاراماي شەھىرى «قاراماي پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇلازىمەت سۇپىسى» «قاراماي پەن ـ تېخنىكىسى» ۋېيشىن سۇپىسى قاتارلىق تور يوللىرىغا تايىنىپ، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرى تەشۋىقاتىنى قانات يايدۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى نامايان قىلدى؛ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى تور بېكىتى، ۋېيشىن سۇپىسى، توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىش سۇپىسى، سىن يىغىنى سۇپىسى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى مەھەللە(كەنت)لەرگىچە كېڭەيتىپ، پەن ـ تېخنىكا تەشۋىقاتىدىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى راۋانلاشتۇردى.

2020 ـ يىلى مەملىكەتلىك پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى ئۆتكۈزۈلگەنلىكنىڭ 20 يىللىقى، ئاپتونوم رايونىمىز 2001 ـ يىلدىن بۇيان ئۇدا 19 نۆۋەت ئۆتكۈزدى، پەن ـ تېخنىكا پائالىيىتى ھەپتىلىكى تەرەققىي قىلىپ، ئاممىنىڭ قاتنىشىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، قاپلاش دائىرىسى ئەڭ كەڭ، جەمئىيەت تەسىر كۈچى ئەڭ زور بولغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش سۈپەتلىك ماركا پائالىيىتىگە ئايلاندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 12 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى. ھازىرغىچە، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى 643، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار 181 بولۇپ، جەمئىي 824.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا بىرلەشمە داۋالاش ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى لىي ۋېي مۇنداق تونۇشتۇردى: ھازىرغىچە، بۇ نۆۋەتلىك يۇقۇمدا ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 800دىن ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن، بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا يەنە بىر پۇختا قەدەم تاشلىدۇق، لېكىن قانچىكى ئەڭ ئاخىرقى ئاچقۇچلۇق پەيت شۇنچىكى ئەڭ كۈچەيدىغان پەيت ھېسابلىنىدۇ، بىز بىپەرۋالىق قىلماي، ئىلمىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى داۋاملىق چىڭىتىپ، «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)»گە قاتتىق ئەمەل قىلىپ بىرخىللاشقان، قېلىپلاشقان داۋالاشنى قانات يايدۇرۇپ، مېھىر ـ شەپقىتىمىز بىلەن ھەربىر ئاغرىقنى ئاسراپ، ئۇلارنى ئىشەنچكە ئىگە قىلىپ، سالامەتلىكىنى بالدۇرراق ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)